# يېڭى ماتېرىيال كۈچ بەردى ياسىمچىلىق يېڭىلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بۇ يۈرۈش قۇرۇلمىدا دۆلەت ئېنېرگىيە مەبلەغ سېلىش گۇرۇھىنىڭ خاس بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە SHMTO يۈرۈشلۈك تېخنولوگىيە تېخنىكىسى قوللىنىلغان بولۇپ، تۇنجى بولۇپ شىنجاڭدىكى شىركەتتە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى» دېدى ۋۇ گوشياڭ.

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، MTO يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى جۇڭگو نېفت ۋە خىمىيە سانائىتى بىرلەشمىسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، باھالاش نەتىجىسىدە بۇ تېخنىكا «ئومۇمىي سەۋىيەدە خەلقئارادا ئىلغار، قىسمەن تېخنىكىدا خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ» دەپ بېكىتىلدى. ئىلغار تېخنىكىنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى ئوراپ قاچىلانغان پولىئېفىر مەھسۇلاتىدىن جەمئىي 376 مىڭ تونىنا ئىشلەپچىقىرىپ، يىللىق نىشانىنىڭ 55.3%نى ئورۇندىدى.

شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى كۆمۈرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلدى، شىنتى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى بولسا كىربىمنىينى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزدى.

«ھازىر، بىزنىڭ كۆپ كىرىستاللىق كىربىمنىيدا ئېلېكترون دەرىجىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تېخىمۇ نازۇك ئەسۋابلاردا قوللىنىلىدىغان بولدى» دېدى شىنتى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى لى شىلياڭ.

كۆپ كىرىستاللىق كىربىمنىي نۇر ئېنېرگىيە دەرىجىسى ۋە ئېلېكترون دەرىجىسىگە ئايرىلىدۇ، لى شىلياڭ بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى توغرىسىدا مۇنداق ئوخشىتىش قىلدى: 100 مېترغا يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسىگە ئوخشاتساق، نۇر ئېنېرگىيە دەرىجىسى ئون سېكۇنتتا يۈگۈرۈپ بولىدۇ، بۇ تەخمىنەن ئاسىيا سەۋىيەسى؛ ئېلېكترون دەرىجىسى بولسا توققۇز سېكۇنت يەتتە دەقىقە، توققۇز سېكۇنت سەككىز دەقىقىدە يۈگۈرۈپ بولىدۇ، بۇ دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيە قاتارىغا كىرىدۇ.

نۇر ئېنېرگىيە دەرىجىسىدىن ئېلېكترون دەرىجىسىگىچە، بۇ تېخنولوگىيەنىڭ ئۆسۈشى بولۇپ، ھەربىر ئىش تەرتىپى قاتتىق كونترول قىلىنىدى، ھەرقايسى ھالقىلار ئىنچىكە ئۆلچەپ ھېسابلاندى؛ بۇ مۇشەققەتلىك ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بولۇپ، 2008 ـ يىلىدىن باشلاپ، «كىربىمنىي» دۇنياسىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىپ، 12 يىلدا قاتمۇقات تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى يەڭدى.

نۆۋەتتە، شىنتى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى ئېلېكترون دەرىجىلىك كۆپ كىرىستاللىق كىربىمنىي، سىلىتسىي نىترىد، سىركونىي ئوكسىدى قاتارلىق يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنولوگىيە تۈرىدىن 30 نەچچىنى ئاچتى ھەم يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 80 مىڭ تونىنا بولغان يۇقىرى ساپلىق كىرىستاللىق كىربىمنىي تەتقىق قىلىپ ياساش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يەر شارى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

## ساھەنى كېڭەيتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، تەرەققىيات ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى

«دۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن، 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى گاۋ ئەيچىڭ ھالقا شەكىللىك بىر تۈرۈبا ماتېرىيالىنى كۈچەپ يەرگە ئاتتى.

يەردىن ئېلىپ، تەكشۈرۈپ كۆردى، شەكلى ئۆزگەرمىگەن، بۇزۇلمىغانىدى. «بۇ PVC يېڭى تىپتىكى ماتېرىيالدىن ياسالغان، ناھايىتى مۇستەھكەم، شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ» دېدى گاۋ ئەيچىڭ. ئۇنىڭ كەينىدە تاماق ئۈستىلى، ئورۇندۇق، دېرىزە قاتارلىق ئۆي بېزەكچىلىك مەھسۇلاتلىرى تەرتىپ بويىچە تىزىلغان بولۇپ، بىر قاراشتىلا ياغاچتىن ياسالغان، پولاتتىن ياسالغان ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلاردىن قېلىشمايتتى.

«دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ يېڭىلاشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بىز PVC يېڭى تىپلىق ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، PVC پىششىقلاش، ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇردۇق.» گاۋ ئەيچىڭ مۇنداق دېدى: بۇ خىل يېڭى تىپتىكى ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار نەملىكتىن ساقلىنىش، كۆيۈپ چۈشۈشتىن ساقلىنىش، شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، «فورمالىن نۆل بولۇش، بۇلغىنىش نۆل بولۇش، قويۇپ بېرىش نۆل بولۇش، يىغىۋالغىلى بولۇش» تەك مۇھىت ئاسراش تەلپىگە يېتىپ، ياغاچنىڭ ئورنىغا سولىياۋ ئىشلىتىش، پولاتنىڭ ئورنىغا سولىياۋ ئىشلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نۆۋەتتە ھۈنەر ـ سەنئەت بېزەكچىلىكى ۋە ئۆي بېزەكچىلىكى ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلماقتا.

قۇرۇلۇش ساھەسىگە كىرىش شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ پەقەت كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى بىر ھالقا. «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز تېرمىنال ئىستېمالنىڭ يېڭى ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز ئاچتۇق.» شىركەتنىڭ باش ئىنژېنېرى جاۋ يۈگلۇ مۇنداق دېدى: «PVC قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ شىنجاڭ ئىچىدە ئۆي ـ زېمىن، ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى ۋە ئاممىۋى ئەسلىھەلەردە ئىشلىتىلىشىنى كېڭەيتىشتىن باشقا، بىز يەنە نەزەرىمىزنى توقۇمىچىلىق ئىككىلەمچى بازىرىغا قارىتىپ، پەرقلىق ۋىسكوزا تالا مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشتۇق».

پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى، مەھسۇلات دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى يەنە كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتتى. ھازىر، شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «كۆمۈر ـ توك ـ ھاك تېشى ـ كالتسىي كاربىد ـ PVC ـ قۇرۇلۇش، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان سولىياۋ» ۋە «كۆمۈر ـ توك ـ تۇز ـ ئىشقار ـ يىلىم ـ يىپ ـ رەخت ـ تەييار كىيىم»دىن ئىبارەت ئىككى پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۇتاشتۇردى.

شىنجاڭ زىجىڭ نۇر ئېلېكتر تېخنىكا چەكلىك شىركىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا كەسىپ زەنجىرىدىكى «يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىزدىنىش» سەپىرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بۇ شىركەتنىڭ كىرىستال سېخىدا، تېخنىكلار ئېكرانغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، سۈرەتلەردە دادۇر چوڭلۇقىدىكى كۆك ياقۇت كىرىستالى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ كىرىستال «ئۆسەلەيدۇ». بۇ جەرياندا، تېخنىكلار ئۆستۈرۈش ئوچۇقىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى، ئىسسىقلىق دەرىجىسى قاتارلىق پارامېترلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ۋاقتىدا تەڭشەپ، ئۇنىڭ «ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش»ىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بىر ئايدىن كېيىن، «دادۇر»چىلىك كىرىستال «ئۆسۈپ» 30 كىلوگرام كېلىدىغان كۆك ياقۇت كىرىستالىغا ئايلىنىدۇ، كەسىپ زەنجىرى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ زىجىڭ نۇر ئېلېكتر تېخنىكا چەكلىك شىركىتى كۆك ياقۇت كىرىستال كەسىپ زەنجىرى قۇرۇلۇشىنى شەكىللەندۈردى، كۆك ياقۇت كىرىستالىنى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بولۇپ، ئۇ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ LED نىڭ يادرولۇق تەگلىك ماتېرىيالى، شۇنداقلا LED ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۆسۈملۈك زاۋۇتىنىڭ ئۆستۈرۈش چىرىغى، ئۆگىنىش ئەقلىي ئىقتىدارلىق كۆز ئاسراش چىرىغى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىمۇ بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

## كەڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلغار قۇرۇلمىلىق ماتېرىيال توپى بەرپا قىلىندى

زامانىۋىلاشقان سانائەت سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشچان، يېشىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا يېڭى ماتېرىيال كەسپى ئاچقۇچلۇق باشلىنىش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى.

2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى 1 ـ تۈركۈمدىكى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر توپى تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىلغار قۇرۇلمىلىق ماتېرىيال كەسىپلەر توپى بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى.

شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى، شىنتى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتى، يەنكۇاڭ شىنجاڭ كۆمۈر خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىپ، ئۈرۈمچى گەنچۈەنباۋ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (سانائەت رايونى) ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىلغار قۇرۇلمىلىق ماتېرىياللارنىڭ يادرولۇق يۈكلىمە رايونىغا ئايلاندى.

«باغچە رايونى ھازىر بار بولغان كەسىپ ئاساسى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، زاپاس مىقدارىنى زورايتىپ، ئېچىش مىقدارىنى كېڭەيتىپ، زەنجىرنى تولۇقلاپ، زەنجىرنى ئۇزارتىپ، كىربىمنىينى ئاساس قىلغان ماتېرىيال، ئاليۇمىنىينى ئاساس قىلغان ماتېرىيال، كۆمۈرنى ئاساس قىلغان ماتېرىيالدىن ئىبارەت ئۈچ كەسىپ توپىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈپ، كىربىمنىينى ئاساس قىلغان كەسىپ، ئاليۇمىنىينى ئاساس قىلغان كەسىپ، كۆمۈرنى ئاساس قىلغان كەسىپ، سىركونىينى ئاساس قىلغان كەسىپتىن ئىبارەت تۆت زەنجىرنى نۇقتىلىق بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى» دېدى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ بېي.

نۆۋەتتە، بۇ باغچە رايونىدا يېڭى ماتېرىيال ساھەسى بويىچە سانائەت مۇھىم، زور تۈردىن جەمئىي 45ى پىلانلانغان بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنمىسى 44 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈرلۈك يانداش تۈرلەرمۇ بار. تۈرلەر ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن، باغچە رايونىدا مۇكەممەل كەسىپ زەنجىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە خەلقئارا تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

يىرىك پىلانغا ئاساسەن، «نۇقتىلىق كارخانا (تۈر) ـ كەسىپ زەنجىرى ـ كەسىپلەر توپى»نىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىش ئەندىزىسى بىلەن «نۇقتىلىق كارخانا (تۈر) ـ يېتىشتۈرۈلىدىغان، كىرگۈزۈلىدىغان كارخانا (تۈر)»نىڭ توغرا يۆنىلىشلىك كېڭىيىش ئەندىزىسىنىڭ سىجىل ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، 2025 ـ يىلىغا بارغاندا، ئۈرۈمچى گەنچۈەنباۋ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (سانائەت رايونى)نىڭ ئىلغار قۇرۇلمىلىق ماتېرىيال كەسپىدە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلۇپ، ئەۋزەل ساھەلەردە بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلار ئىگىلىنىپ، كەسىپ زەنجىرى مۇكەممەللەشكەن، يانداش سىستېمىسى مۇكەممەل بولغان ئىلغار قۇرۇلمىلىق ماتېرىيال كەسىپلەر توپى شەكىللەندۈرۈلۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە كونا ـ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، توپلاش، تۈرتكە بولۇش ئۈنۈم ئېففېكتى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش، توك بىلەن تەمىنلەش ھەم پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يۇقۇم مەزگىلىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش، توك بىلەن تەمىنلەش ھەم پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشى كېرەك.

دۆلەت ئېلېكتر تورى ئۈرۈمچى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە بېكىتۈەن 6 ـ شىسى ۋۇجياچۈ شەھىرى، بېكىتۈەن 12 ـ شىسى ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنىڭ تىجارەت ۋە توك بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ شىركەتنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدە، شۆھرەت زاكىر يۇقۇم مەزگىلىدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلەش كاپالىتى ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم كەڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ۋە ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورىدى. شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى تارماقلىرى ئاڭلىق ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش چوڭ ۋەزىيىتىنى چۆرىدەپ، ئېلېكتر تورىنى كۈزىتىپ ـ ئۆلچەش ۋە ئاسراش سالمىقىنى زورايتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئابونچىلارنى توك بىلەن تەمىنلەش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ئاھالىلەرنىڭ نورمال توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك. ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى سىستېمىسىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن «خەلق ئېلېكتر كەسپى خەلق ئۈچۈن» دېگەن ئىدىيە ۋە ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى سۇچىلىق گۇرۇھى شىدۇنزىشەن سۇ زاۋۇتى پۈتۈن شەھەرنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى بىخەتەر سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شۆھرەت زاكىر نەق مەيداندا سۇ بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ مۇنداق تەكىتلىدى: سۇ بىلەن تەمىنلەش بىخەتەرلىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك. سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى بىخەتەرلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم، ئەڭ قاتتىق تەلەپ بىلەن «سۇ سۈپىتى ئۆتكىلى»نى ياخشى ئىگىلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنى مۇتلەق بىخەتەر، ساغلام، ئەلا سۈپەتلىك ئىچىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. بولۇپمۇ يۇقۇم يۈزبەرگەن ھازىرقى ئەھۋالدا، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇ مەنبەسىنى قوغداش، سۈزۈلدۈرۈش ـ دېزىنفېكسىيەلەش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، تۇرۇبا تورى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ سۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە سىجىل ھالدا ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ھەقىقىي تۈردە مۇتلەق بىخەتەر بولۇش تەلىپىنى خىزمەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىكى ھەرقايسى ھالقىلاردا كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغدىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى خېدۇڭ ۋېيلىيا سۇ ئىشلىرى چەكلىك شىركىتى ئاساسلىقى تىيانشان رايونى، سايباغ رايونى ۋە يېڭىشەھەر رايونىدىكى بىر قىسىم پاسكىنا سۇلارنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. شۆھرەت زاكىر بۇ شىركەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى دۆلەتنىڭ پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى ۋە ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش قېتىم سانىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، ۋىرۇسنى دېزىنفېكسىيەلەپ يوقىتىشنى ئىلمىي ياخشى قىلىشى كېرەك. پاسكىنا سۇنى بىرتەرەپ قىلىش تېخنولوگىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش، بىخەتەر قويۇپ بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چۈگجيۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەمراھ بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېزا ئىگىلىكىنى سۈپەتلىك ماركا ئارقىلىق كۈچەيتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇلنى ئاشۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ سۈپەتنى ئۆستۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ ئۆزگىرىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى يېشىللاشتۇرۇش، ئەلالاشتۇرۇش، خاسلاشتۇرۇش، سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېشىل «كىملىك»كە ئىگە قىلدى.

دەل «كىملىك»ى بار بولغاچقا، 2019 ـ يىلى گۈچۈڭ ناھىيەسىنىڭ ئۇن سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 1 مىليارد 250 مىليون يۈەن بولۇپ، شىنجاڭ سىرتىغا سېتىش مىقدارى ئومۇمىي سېتىش مىقدارىنىڭ 60%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بۇ يىل، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى لاياقەت گۇۋاھنامىسى تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى لاياقەت گۇۋاھنامىسىدە مەھسۇلات نامى، تاۋار ماركىسى نامى، ئېغىرلىقى، ئىشلەپچىقىرىلغان جايى، ئالاقىلىشىش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش سۇبيېكتى ھەمدە لاياقەت گۇۋاھنامىسى بېرىلگەن ۋاقىت ئەسكەرتىلگەن بولۇپ، «گۇۋاھنامە بىلەن تورغا چىقىش، كود بىلەن تورغا چىقىش، ماركا بىلەن بازارغا كىرىش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى دۆلەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ باشقۇرۇلدى. «سانجى ئوبلاستى ‹يېشىل ئاشلىق ئامبىرى›نى ئۈزلۈكسىز بەرپا قىلدى، نۆۋەتتە پۈتۈن ئوبلاستىكى 70%تىن ئارتۇق ئۇن يېشىل يېمەكلىك ئۆلچىمىگە يەتتى» دېدى سانجى ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گو خۇەيئەن تونۇشتۇرۇپ.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئىشخانىسى پىششىقلاش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى لى ۋېيجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاقسۇ ۋىلايىتى يېشىل ئۆستۈرۈشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك باغ ـ ئورمان بازىسى قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى، سۈپەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ۋىلايەت 2 مىليون مودىن ئاشىدىغان «جۇڭگو ئورمانچىلىق يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى»، 1 مىليون مودىن ئاشىدىغان ئەلا سۈپەتلىك باغ ـ ئورمان بازىسى بەرپا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئاقسۇ خاۋگو يۈەن» رايون چوڭ سۈپەتلىك ماركىسى ئىككىلىك كودى ئارقىلىق مەنبەنى سۈرۈشتۈرۈش، سۈپىتىنى سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىپ، بازىدىن پىششىقلاش، ئوبوروت ھالقىسىغىچە، ئاندىن سېتىش سانلىق مەلۇماتلىرىغىچە بولغان ھەممىسىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىستېمالچىلار پەقەت مەھسۇلات ئورالما ساندۇقىدىكى ئىككىلىك كودلۇق «كىملىك»نى سىكانېرلىسىلا، بۇ مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ «كېلىپ چىقىشى»نى بەش قولدەك بىلىپ، خاتىرجەم ئىستېمال قىلالايدۇ.

«بىزنىڭ چىلىنىمىز ئۆستۈرۈشتىن يىغىۋېلىشقىچە، ھەر بىر ھالقىنىڭ ھەممىسىدە يېشىل تەرتىپ بويىچە بىرتۇتاش قاتتىق باشقۇرۇلىدۇ.» ئاقسۇ شەھىرى گېبى چىلانچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى ساۋ مىڭفۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇلتۇر ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئۆستۈرگەن ئالاھىدە دەرىجىلىك چىلاننىڭ ھەر كىلوگرامى 35 يۈەندىن سېتىلغان، بىرىنچى دەرىجىلىك چىلاننىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسىمۇ 30 يۈەنگە يەتكەن.

2019 ـ يىلىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەرلىك ئۆلچىمى 574 تۈرگە، «ئۈچ مەھسۇلات، بىر بەلگە»گە ئىگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى 2065كە، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى 159غا يەتتى. يېشىل ئۆستۈرۈش، مەھسۇلاتلارنى سۈرۈشتۈرۈش، سۈپەتلىك ماركا بەرپا قىلىش شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات «خاسلىق»ىنى ئىقتىسادتىكى «يارقىن»لىققا ئايلاندۇردى.